مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە ئىنشىراھ — 8 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

أَلَمۡ نَشۡرَحۡ لَكَ صَدۡرَكَ ﴿١﴾ وَوَضَعۡنَا عَنكَ وِزۡرَكَ ﴿٢﴾ ٱلَّذِيٓ أَنقَضَ ظَهۡرَكَ ﴿٣﴾ وَرَفَعۡنَا لَكَ
ذِكۡرَكَ ﴿٤﴾ فَإِنَّ مَعَ ٱلۡعُسۡرِ يُسۡرًا ﴿٥﴾ إِنَّ مَعَ ٱلۡعُسۡرِ يُسۡرًا ﴿٦﴾ فَإِذَا فَرَغۡتَ فَٱنصَبۡ ﴿٧﴾ وَإِلَىٰ رَبِّكَ
فَٱرۡغَب ﴿٨﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اﷲ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

***(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ كۆكسىڭنى (ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟ ﴿1﴾. سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدىن ئېلىپ تاشلىدۇق ﴿3-2﴾. سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلدۇق ﴿4﴾. ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار ﴿5﴾. ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار ﴿6﴾. (ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن) بوشىغان چېغىڭدا (اﷲقا ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن ﴿7﴾. پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن ﴿8﴾.***

## كۆڭۈلنى كېڭەيتىپ نۇرلاندۇرۇشنىڭ مەنىسى توغرىسىدا

﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ كۆكسىڭنى (ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟﴾ يەنى بىز قەلبىڭنى نۇرلاندۇرۇپ ئۇنى كەڭرى، ئازادە، يورۇق قىلدۇق. بۇ ھەقتە اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿اﷲ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)﴾[1] اﷲ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كەڭ قىلغاندەك، ئۇنىڭ شەرىئىتىنىمۇ كەڭلىك، قولايلىق ۋە ئاسانلىق بەرگەن. ئۇنىڭدا ھېچبىر قىيىنلىش، تەسلىك ۋە سىقىنچىلىق يوقتۇر.

## اﷲ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ بايانى توغرىسىدا

﴿سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدىن ئېلىپ تاشلىدۇق﴾ بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان ئېلىپ تاشلىۋېتىلگان ئېغىر يۈكتىن اﷲ تائالانىڭ: ﴿اﷲنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن﴾[2] دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بولۇپ كەچۈرۈلۈپ كەتكەن گۇناھلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنئام 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فەتھ 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۆھرىتىنى كۆتۈرگەنلىك توغرىسىدا

﴿سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلدۇق﴾ مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مەن تىلغا ئېلىنسام، سەن مەن بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىسەن، يەنى ”بىر اللہ دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد اللہ نىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن“ دەپ تىلغا ئېلىنىسەن، دېگەنلىكتۇر دېدى. بۇ ھەقتە قەتادە: اللہ ئۇنىڭ شۆھرىتىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كۆتۈرگەن. شۇڭا ھەر قانداق بىر خۇتبە سۆزلىگۈچى ياكى شاھادەت كەلتۈرگۈچى ۋە ياكى نامازدا تۇرغۇچى: ”بىر اللہ دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد اللہ نىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن“ دەپ گۇۋاھلىق ئېيتىپ تۇرۇپ سۆز قىلىدۇ، دېدى.

## تەسلىكتىن كېيىن ئاسانلىقنىڭ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

اللہ تائالا: ﴿ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار﴾ دېگەن ئايىتىدە بىر قىيىنچىلىقنىڭ قېشىدا بىر ئاسانلىقنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ ئاندىن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ﴿ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار﴾ دېگەن ئايىتى بىلەن يەنە تەكىتلىدى.

## بىكار قالغاندا زىكىر بىلەن شۇغۇللىنىش توغرىسىدا

﴿(ئى مۇھەممەد! دەۋەتتىن) بوشىغان چېغىڭدا (اللەغا) ئىبادەت قىلىشقا تىرىشقىن. پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن﴾ يەنى سەن دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ مەشغۇلاتلىرىدىن بىكار بولساڭ ۋە ئالاقىڭنى ئۈزسەڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىبادىتىگە يۈزلەنگىن، دىلىڭ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن ئۈزۈلگەن ھالەتتە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇرغىن، نىيىتىڭنى ۋە رىغبىتىڭنى پەرۋەردىگارىڭغىلا خاس قىلغىن. ئادەم باشقا نەرسە بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرغاندا ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشقا تۇرماسلىقنى تۆۋەندىكى ھەدىسلەرمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ: ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تاماق ھازىر بولۇپ قالغاندا ۋە تاھارەت قىستاپ قالغاندا ناماز ئوقۇلمايدۇ».

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خۇپتەن نامىزى بىلەن كەچلىك تاماق بىر ۋاقىتتا كېلىپ قالسا، سىلەر ئالدى بىلەن تاماقنى يەڭلار».

مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سەن دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بىكار بولغاندا، نامازغا تۇرۇپ پەرۋەردىگارىڭغا يۈزلەنگىن، دېگەنلىكتۇر دېدى.

اللہ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن سۈرە ئىنشىراھنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

www.munber.org